# 256963 ـ ئاللاھ تائالانى مەسخىرە قىلىدىغان سۆزلەرنى ئىلان قىلغان توربېكىتىدىن بەزى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشنىڭ ھۆكمى

### سۇئال

ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلىرىنىڭ سۇپەتلىرىدە ئاللاھ تائالانى مەسخىرە قىلىدىغان بەزى سۇپەتلەر تېپىلىدىغان تور بەتلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلىرىنى تەلەپ قىلىپ سېتىۋېلىش توغرا بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئىشلەپ چىقىرىلغان تاۋارلاردا سەلبىكە ئوخشاش كاپىرلارنىڭ بەلگىلىرى بولسا ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالانى مەسخىرە قىلغانغا ئوخشاش كۇپىر سۆزلىرى يېزىلغان بولسا، بۇنداق نەرسىلەرنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنى ساتقان ياكى سېتىۋالغاندا كاپىرلارنىڭ تىجارىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلىرىنى تارقىتىشقا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلىرىنى سېتىش ياكى سېتىۋېلىشنى توختىتىش بىلەن كۇپايە قىلماستىن ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا كەسكىن رەددىيە بېرىش زۆرۈر بولىدۇ.

بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئىلگىرى تور بەتتە بىرقانچە ئورۇندا تەپسىلى بايان قىلدۇق، بۇ ھەقتە 126602 -47060 -ۋە 112052 - نۇمۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئەمما ئىشلەپ چىقىرىلغان تاۋارلار كۇپىرنىڭ ئالامەتلىرى ياكى كۇپرى سۆزلەردىن خالى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تونۇشتۇرۇشقا مەسخىرىلىك سۆزلەر يېزىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك قىلمىشىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىش ياكى سېتىۋېلىشنى توختىتىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئۇلارغا دىننى ۋە دىنى شۇئارلارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ كىشىلەرنى ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلارنى ئىستىمال قىلىشتىن چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنداق سۇپەتلەرنى دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇلار ماددىغا چوقۇنىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىلارنى قوللىنىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئۇلاردىكى ئۆچمەنلىك ۋە ھاماقەتلىك ئۈستۈن كېلىپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ، ياكى دىنسىزلارنى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان بەندىلىرىنى مۇشۇنداق كاپىرلارنىڭ تاۋارلىرىغا ئېھتىياجلىق قىلمىدى، بەكرەك ئىزدەنگەن كىشى مۇسۇلمانلاردىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياكى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بولغان تاۋارلارنى تاپالايدۇ، دىنى مەنپەئەت ۋە دىننى ھىمايە قىلىش تۈرتكىسى، ئىنساننى ناچار قىلمىشلارنى ئىنكار قىلىشنى بارلىق ماددى مەنپەئەتلەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.